شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجياڭ گازەتى

2020 ـ يىل 2 ـ ئاي
20
پەيشەنبە
维吾尔文 2 月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24977 ـ سان بۈگۈن 2 بەت

مەركىزىي كومىتېت بەنگوڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

يېڭى دەۋردە مائارىپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك تۈزۈلمە مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى «يېڭى دەۋردە مائارىپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك تۈزۈلمە مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى

2 ـ بەتتە

شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى

جەزمەن تېببىي خادىملارغا بولغان قوغداش، كۆيۈنۈش، ئاسراشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېببىي خادىملارنىڭ سىجىل ساغلام بولۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈرىشىگە ئاتلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان تېببىي خادىملارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى ئاسراش توغرىسىدا مەخسۇس مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تېببىي خادىملار يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى تايانچ كۈچ، جەزمەن ئۇلارغا بولغان قوغداش، كۆيۈنۈش، ئاسراشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى جەھەتتىن قوللاپ، كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى باشتىن ـ ئاخىر قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىق، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنىي كۈچنى ساقلاپ، سىجىل ساغلام بولۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈرىشىگە ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قوماندانلىق قىلىش ـ تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئارقا سەپ كاپالىتى ئىلمىي، جايىدا بولۇشى، تېببىي خادىملارنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، زۆرۈر بولغان دەم ئالدۇرۇش، مەنىۋى ئىلھام بېرىشنى جەزمەن ۋاقتىدا كۈچەيتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چوقۇم خۇبېي(ۋۇخەن)دىكى داۋالاش قوشۇنىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىخەتەر ـ تەرتىپلىك، بىرتۇتاش ماس، كۈچلۈك ـ ئۈنۈملۈك، ۋاقتىدا ـ تېز قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، كەڭ تېببىي خادىملار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۇدا تىرىشىپ كۈرەش قىلدى، بەزى تېببىي خادىملار بەختكە قارشى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملاندى، بەزىلىرى ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان ئالىيجاناب روھىنى نامايان قىلدى. شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ، مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت، بولۇپمۇ خۇبېي ۋە ۋۇخەندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تېببىي خادىملارغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى. ئۇ بېيجىڭدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، كەڭ تېببىي خادىملاردىن سەممىمىي ھال سورىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 29 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە ئارمىيە سىستېمىسى 30 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىمنى خۇبېي(ۋۇخەن)غا جىددىي ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كەلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇشنى بوشاڭلىق قىلماسلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇپ، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەي، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئىلمىي تاقابىل تۇرۇپ، تۈرلەر بويىچە تەدبىر قوللىنىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە كۈچەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە مۇلازىمەت قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ يۈ** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

دوختۇرخانىنىڭ ئايرىۋېتىش كېسەللىخانىسىدا، مۇداپىئە كىيىمى كىيگەن سېستىرالار كۆچمە يوقلاش ھارۋىسىنى ئاغرىقلارنىڭ يېنىغا ئىتتىرىپ ئاپاردى. ھارۋىدىكى ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئايرىۋېتىش كېسەللىخانىسىنىڭ سىرتىدىكى دوختۇرلار سىن ئارقىلىق ئاغرىقلارنىڭ ھالىتىنى كۆردى، ئاغرىقلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى، ئېلېكتروكاردىيوگرامما، قان بېسىم قىممىتى قاتارلىق بەدەن بەلگىلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئىگىلىدى، ھەتتا ئاغرىقلار بىلەن سۆزلەشتى. ئارقىدىن دوختۇرلار كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاشقا باشلىدى.

بۇ خىل يان تېلېفون كۆچمە تورىدىن پايدىلىنىپ ئۈن ـ سىننى ئۆزئارا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئايرىۋېتىش رايونى بىلەن پاكىزلانغان رايون ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇرنى راۋانلاشتۇرىدىغان دوختۇرخانىلارنىڭ ئايرىۋېتىپ يوقلاش سىستېمىسى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى قاتارلىق دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ سىستېما دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ يۇقۇملىنىش خەتىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

«يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، شىركىتىمىز 24 سائەت توختىماي رېمونت قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، سىستېمىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى» دېدى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دوختۇرخانىلارنىڭ ئايرىۋېتىپ يوقلاش سىستېمىسىنى ئېچىش كارخانىسى بولغان شىنجاڭ شېنجوۋ شىخەن پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ خەييەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، لىق كونتېينېر بېسىلغان بىر جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قورغاس ۋوگزالىدىكى يۈك ئالماشتۇرۇش ئىسكىلاتىدىن ئاستا ـ ئاستا يولغا چىقتى. قورغاس پورتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتتە، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ توشۇش مەشغۇلات تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تاموژنا قاتارلىق تارماقلار بىلەن بولغان ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرىنىڭ راۋان توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ☐ چيۇ جىڭ فوتوسى

شىنجاڭ (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە ئالتە ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 20 گە يەتتى

ئۆز خەۋىرىمىز 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە ئالتە ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ئىككىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، ئىككىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن، ئىككىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ بوشاشماسلىق

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرى تۈرلەر بويىچە، تۈركۈملەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈردى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، فۇ شياڭلۇڭ

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى «ئاساسىي قوشۇن»لۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى نىشانلاپ، تۈرلەر بويىچە، تۈركۈملەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرماسلىق ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش

ئىسىم ـ فامىلىسىنى مەلۇم قىلىش، ماسكا تاقاش، دېزىنفېكسىيەلەش رايونىدىن ئۆتۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش... 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت 10 دا، شىنجاڭ شىنيې ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، خىزمەتچى خادىملار ئىشقا چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈۋاتاتتى. ھازىر بۇ، شىنيې ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇنقى چوقۇم قىلىدىغان ھەرىكىتىگە ئايلاندى. بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇتۇلدى، بىر قولدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۇتۇلدى، نۆۋەتتە، شىنيې ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسى نورمال ئايلىنىۋاتىدۇ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا چىقىش نىسبىتى 87%كە يەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە قەدەر، 12 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 27 مىڭ 515 توننا مېتانول، 1692 توننا BDO ئىشلەپچىقىرىلىپ، پۇقرالار ئىشلىتىدىغان تەبىئىي گازنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان كارخانا —— جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنسازلىق چەكلىك شىركىتى ئىشنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈردى. نۆۋەتتە، شىركەتتە ئىش ئورنىدا بار ئىشچى ـ خىزمەتچى 40قا يېقىن بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 79 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 79 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيولدا چەكتىن، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تۈزەش سىستېمىسى ۋە تۈزەش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كۆتۈنۈش مۇلازىمىتى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تاشيولدا چەكتىن، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تۈزەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، تاشيول ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ يۈرۈشۈش بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، يۈك ترانسپورت كەسپىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار قاتناش ـ ترانسپورتنى تۈزەش سىستېمىسى ۋە تۈزەش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ۋە تاشيول ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى نىشان قىلىپ، «ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش بىلەن يۈرۈشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپى بويىچە، خىزمەت مېخانىزمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ چەكتىن، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تۈزەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ چەكتىن، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى قەتئىي توسۇپ، تاشيولنىڭ بىخەتەر، راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)